新型村庄规划与建设

# يېڭىچە كەنتلەرنى پىلانلاش ۋە قۇرۇش قوللانمىسى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش بويىچە
ئىگىلىك باشقۇرۇشقا دائىر كىتابلار

# يېڭىچە كەنتلەرنى پىلانلاش ۋە قۇرۇش قوللانمىسى

تەرجىمە قىلغۇچى ئابرار ئەخەت

常州大学山书馆
藏书章

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

新型村庄规划与建设：维吾尔文/农业部培训中心编写组编著；艾则孜·艾海提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.2
ISBN 978—7—228—13279—9

Ⅰ.新 … Ⅱ.①农 … ②艾 … Ⅲ.①乡村规划—研究—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）②农村住宅—建筑设计—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.
TU982.29 TU241.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 025365 号

| | |
|---|---|
| **译　　者** | 艾则孜·艾海提 |
| **责任编辑** | 哈德尔·哈吾孜 |
| **责任校对** | 沙娜瓦尔·依布拉音 |
| **特约校对** | 亚森·扎依莫夫 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | 0991—2827472 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆生产建设兵团印刷厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 4 |
| **版　　次** | 2010 年 2 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2010 年 2 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—3000 |
| **定　　价** | 9.00 元 |

بۇ كىتاب جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2006 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى ، 2006 - يىلى 8 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据中国农业大学出版社 2006 年 8 月第 1 版，2006 年 8 月第 1 次印刷本翻译出版。

# يېڭىچە كەنتلەرنى پىلانلاش ۋە
# قۇرۇش قوللانمىسى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئېزىز ئەخەت
مەسئۇل مۇھەررىرى : قادىر قاۋۇز
مەسئۇل كوررېكتورى : سەنەۋەر ئىبراھىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ياسىن زايىموف
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەن باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 4
نەشرى : 2010 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى : 2010 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—13279—9
باھاسى : 9.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

## 1 - قىسىم
## كەنتلەرنى پىلانلاشنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى


بىرىنچى ، كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈش ................ 3

1 . يېزا ـ بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلان تېزىسى ........ 3

2 . يېزا ـ بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلانى ................ 4

3 . كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ ۋەزىپىسى ............... 7

4 . كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ مەزمۇنى.................. 7

5 . كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ نەتىجىسى ................ 8

ئىككىنچى ، كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ، نىشانى ۋە مەزمۇنى .................................. 9

1 . يېتەكچى ئىدىيە .................................. 9

2 . پىلانىنىڭ نىشانى ................................ 10

3 . پىلانىنىڭ مەزمۇنى ............................... 11


## 2 - قىسىم
## يېزا يوللىرىنى پىلانلاش ۋە ياساش


بىرىنچى ، يولنىڭ تەركىبىي قىسمى ۋە يول ئۆلچىمى لايىھەلەشنىڭ ئاساسىي تەلىپى.................................. 17




此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

1 . يولنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى………………17
2 . يول ئۆلىنى لايىھىلەشنىڭ ئاساسىي تەلىپى………22
ئىككىنچى ، ئاساسلىق يول قۇرۇلۇشنىڭ ئۆلچىمى ۋە قەدەم باسقۇچلىرى ………………………………………23
1 . يېزا - بازار يوللىرىنى پىلانلاشنىڭ ئۆلچىمى ……23
2 . ئاساسلىق يول قۇرۇلۇشنىڭ ئۆلچىمى …………24
3 . ئاساسلىق يوللارنى ياساشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى …26

## 3 - قىسىم
## كەنتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇل ئەسلىھەلىرىنى پىلانلاش ۋە قۇرۇش

بىرىنچى ، كەنتلەرنىڭ بىخەتەر سۇ ئىشلىتىشنى پىلانلاش ۋە قۇرۇش ………………………………………29
1 . ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى پىلانلاش ۋە قۇرۇش ……………………………30
2 . سۇ بىلەن تەمىنلەش بىخەتەرلىك تېخنىكىسى ……37
3 . دائىملىق سۇ تېجەشنى پىلانلاش ………………54
4 . سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش مېخانىزمى …………57
ئىككىنچى ، يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى…………58
1 . يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشنىڭ ئەھمىيىتى……59
2 . توكقا ئائىت ئاساسىي ساۋاتلار…………………60
3 . توكنى بىخەتەر ئىشلىتىش ساۋاتلىرى …………62

## 4 - قىسىم
## يېزا جامائەت ئەسلىھەلىرىنى پىلانلاش ۋە قۇرۇش


بىرىنچى ، يېزا - بازارلارنىڭ جامائەت ئىمارەتلىرىگە كېرەك-
لىك يەرنى ئىلمىي ، بىرتۇتاش پىلانلاش.................. 73
1 . جامائەت ئىمارەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي
تەلىپى.................................................. 74
2 . كەنتكە قۇرۇلىدىغان جامائەت ئەسلىھەلىرىنىڭ
تۈرلىرى ................................................ 78
3 . ئاساسلىق جامائەت ئىمارەتلىرىنى پىلانلاش ........ 78


## 5 - قىسىم
## كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى قۇرۇلۇشى


بىرىنچى ، كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى قۇرۇلۇشى ... 82
1 . كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى قۇرۇلۇشى
ھەققىدە قىسقىچە بايان .............................. 82
2 . ئائىلىۋى ھاجەتخانا ۋە ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى ئۆز-
گەرتىش ................................................ 85
3 . ئەخلەتنى يىغىش باشقۇرۇش .......................... 87
4 . بۇلغانغان سۇنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى ... 94
5 . ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىدا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئې-
لىشنى پىلانلاش.................................... 105

## 6 - قىسىم
## تۇرالغۇلارنى پىلانلاش ۋە قۇرۇش


1 . كەنتلەرنىڭ تەكشىلىكتىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇ-
رۇلۇشى ............................................ 106
2 . تۇرالغۇلارنىڭ شەكلى .............................. 107
3 . قورۇلۇق تۇرالغۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ...... 109
4 . تۇرالغۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ... 112
5 . تۇرالغۇ ئىمارەتلىرىنىڭ تەكشىلىكتىكى ئاساسىي
شەكىللىرى ........................................ 117
6 . تۇرالغۇ توپىنى بىرىكتۈرۈشنىڭ شەكىللىرى...... 120

# 1 - قىسىم كەنتلەرنى پىلانلاشنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى

دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە دىققەت قىلىۋاتقان قىزىق نۇقتا. 2006 - يىلى ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار، دېھقانلار مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ، يېزا - بازارلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈش، بولۇپمۇ دېھقانلارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان يېزىلارنى پىلانلاشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى.

يېزا - كەنتلەرنى پىلانلاش — يېزا - بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىغا بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە يېتىش، خاراكتېرى، كۆلىمى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بېكىتىش، يەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، بوشلۇقتىن پايدىلىنىش بىلەن تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «پىلانلاشنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ھالقا.

ھازىر ئېلىمىزنىڭ يېزا قۇرۇلۇشىدا ئىلمىي، ئۇزاق مەزگىللىك پىلان ۋە تېخنىكا مەدەتكارلىقى كەمچىل بولۇش، قۇرۇلۇش تەرتىپسىز، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولماسلىق، ئۆزگىچىلىكى كەمچىل بولۇش، جامائەت ئۇل ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، ياشاش مۇھىتى ناچار بولۇش، يوندا ۋە ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تۆكۈش، يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلماسلىق، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش

قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بىر قىسىم يېزىلار كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشتا قارىغۇلارچە شامالغا ئەگىشىپ ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ . يەنە بەزى يېزىلار گەرچە پىلان تۈزگەن بولسىمۇ ، ئەمما پىلان بويىچە ئىش قىلماي ئۆزى بىلگەنچە يول ياساپ ، ئۆي سالغاچقا ، نۇرغۇن يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇشىدا تەرتىپسىز ، قالايمىقان بولۇش ، كەنتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا «ئۆيلىرى يېڭى ، كەنت كونا» بولۇش ھادىسىلىرى ساقلىنىپ ، يەردىن تېجەشلىك پايدىلىنىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ .

بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب كەنت قۇرۇلۇشىنى پىلانلاشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدا . مۇۋاپىق پىلانلاشتا شۇ جاينىڭ رايون ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش ھەم مەلۇم ۋاقىتتا يېتىدىغان تەرەققىيات نىشانى بولۇشى ، شۇ نىشانغا ئاساسەن قۇرۇلۇشلارنى ئۇنىۋېرسال ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا قۇرۇلۇش «چېقىش ، كۆچۈرۈش»كە ئايلىنىپ قېلىپ ، ئەمگەك كۈچى ھەم مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرايدۇ ، ھەم تەرەققىيات توسالغۇغا ئۇچرايدۇ . شۇڭا ، كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىنى ئاددىي ھالدىلا دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇسىنى پىلانلاش ۋە كونا كەنتلەرنى ئۆزگەرتىش دەپلا چۈشىنىشكە بولمايدۇ ، بەلكى ئۇنىڭدا يېزىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم شۇ رايوننىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك . يېڭى يېزا قۇرۇش پىلانىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇشى كېرەك . مەسىلەن ، يېزىلاردىكى كەسىپلەرنىڭ «ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات» پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ، «ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان ، تۇرمۇش باياشات ، يېزا كەيپىياتى مەدەنىي ، كەنت قىياپىتى رەتلىك ، پاكىز ، باشقۇرۇش دېموكراتىك» بولۇشنى نىشان قىلىپ ، گۈزەل ياشاش مۇھىتىنىلا ئەمەس ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇزاققىچە سىجىل راۋاجلاندۇرۇش ۋە ساغلام ، دېموكراتىك بولغان ئىجتىمائىي

تۇرمۇش پىلانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك .

## بىرىنچى ، كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈش

كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈشكە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولىدۇ . قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدىغان ئورۇن دۆلەت بەلگىلىگەن سالاھىيەتنى ھازىرلىشى كېرەك . قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈشتە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەرلەرنى پىلانلاش قانۇنى» ۋە «يېزا - بازارلارنى پىلانلاش ، قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش نىزامى»دىكى پىلانلاش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش ، «يېزا - بازارلارنى پىلانلاش ئۆلچىمى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلىق بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك . يېزا - بازار پىلانى ، ئادەتتە ، ئومۇمىي پىلان ۋە قۇرۇلۇش پىلانىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئادەتتە يېزا - بازار ئومۇمىي پىلانى كەنت پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

يېزا - بازار ئومۇمىي پىلانى يېزا (بازار) تەۋەسىدىكى يېزا - بازارلار ۋە ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ، كەنت پىلانىنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى . يېزا - بازار پىلانى ناھىيە پىلانى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ ، يېزا - بازار تەۋەلىكىدىكى بارلىق يېزا - كەنتلەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلىنىدۇ ھەم كەنت پىلانىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ . يېزا - بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشتىن ئىلگىرى ، ئۇنىڭ تېزىسىنى تۈزۈپ ، يېزا - بازار ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ .

### 1 . يېزا - بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلان تېزىسى

يېزا - بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلان تېزىسى يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاندىن ئۇنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

يېزا ـ بازار ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ .

يېزا ـ بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلان تېزىسى تۈۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك :

(1 ) ناھىيە (شەھەر ) پىلانى ، بولۇپمۇ ناھىيە (شەھەر )لەر-نىڭ يېزا (بازار ) پىلانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپكە ئاساسەن ، يېزا (بازار )نىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىش .

(2 ) يېزا (بازار )لارنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ، يوشۇرۇن كۈچى ۋە چەكلىمىلەرنى ئانالىز قىلىپ ، تەرەققىيات شارائىتىنى باھالاپ ، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىش .

(3 ) يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ، كەنتلەرنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشەپ ، يېزا ـ بازارلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى پرىنسىپ جەھەتتىن بېكىتىش .

(4 ) نوپۇس كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشنى مۆلچەرلەش ، ئاساسلىقى ، يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىش سۈرئىتى ، يۆنىلىشى ۋە شەھەر ـ بازارلىشىش سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى مۆلچەرلەش .

(5 ) ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە ئاساسلىق ئاممىۋى ئىمارەتلەرنى تەقسىملەش .

(6 ) قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ئۆلچىمى ۋە ئاساسلىق يەر ئىشلىتىش كۆرسەتكۈچىنى پرىنسىپ جەھەتتىن بېكىتىپ ، قۇرۇلۇش تەرەققىيات يېرىنى تاللاش ، بازار تەۋەلىكىنىڭ پىلان دائىرىسى ۋە يەر ئىشلىتىشنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش .

### 2 . يېزا ـ بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلانى

يېزا ـ بازار ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى : يېزا (بازار )نىڭ تەرەققىيات شارائىتىنى ئۇنىۋېرسال باھالاش ؛ يېزا

(بازار )نىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىش ؛ يېزا (بازار ) مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى نوپۇسنىڭ كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسىنى مۆلچەرلەش ؛ تەۋەلىكىدىكى كەنتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە كۆلىمىنى بېكىتىش ؛ ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە ئاساسلىق ئاممىۋى ئىمارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ؛ كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش .

1 . يېزا ـ بازار ئومۇمىي پىلانى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك :

(1 ) مەھەللىلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ، كەنتلەرنىڭ يېزا ـ بازار سىستېمىسىدىكى ئورنىنى بېكىتىش .

(2 ) ئاساسلىق مەھەللىلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى ، ئۇلارنىڭ يېزا ـ بازار سىستېمىسىدىكى ئىش تەقسىماتىنى بېكىتىش .

(3 ) يېزا (بازار ) تەۋەسى ياكى پىلان دائىرىسىدىكى ئاساسلىق مەھەللىلەرنىڭ نوپۇس تەرەققىيات كۆلىمى ۋە قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش كۆلىمىنى بېكىتىش .

نوپۇسنىڭ تەرەققىيات كۆلىمىنى بېكىتىش : نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش سانىغا ماشىنىلىشىشنىڭ ئېشىش سانىنى قوشۇش ئارقىلىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى يېزا ـ بازارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنى ھېسابلاشقا بولىدۇ . ماشىنىلىشىشنىڭ ئېشىش سانى ئارقىلىق نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ھېسابلىغاندا ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپكە ئېھتىياجلىق ئادەم سانىنى ھېسابلاش ، پىلان مەزگىلىدە شۇ دائىرىگە كىرىپ ـ چىقىدىغان نوپۇسنى تەخمىنەن ھېسابلاش ئارقىلىق نوپۇسنىڭ بوشلۇقتىكى جايلىشىشىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ .

قۇرۇلۇش يېرىنىڭ كۆلىمىنى بېكىتىش : ھازىرقى يەر ئىشلىتىش ئەھۋالى ، يەر بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى ۋە قۇرۇلۇش

تەرەققىيات ئېھتىياجى، شۇنداقلا «يېزا - بازارلارنى پىلانلاش ئۆلچىمى»گە ئاساسەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قۇرۇلۇش يېرىنى بېكىتىش كېرەك. نوپۇسنىڭ جايلىشىشىغا ئاساسەن، ئاساسلىق مەھەللىلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ يەر ئىشلىتىش كۆلىمى ۋە ئاساسلىق دائىرىسىنى بېكىتكىلى بولىدۇ.

(4) قاتناش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، كېرەكسىز سۇنى چىقىرىۋېتىش، توك بىلەن تەمىنلەش، ئالاقە قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇرۇبا تورىنىڭ يۆنىلىشى ۋە تېخنىكا تېپىنى تاللاش.

(5) شىپاخانا، مەكتەپ، مەدەنىيەت پونكىتى، ماگىزىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىق ئاساسلىق جامائەت ئەسلىھەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش.

2. ئومۇمىي پىلاننىڭ مۇددىتى

يېزا - بازار ئومۇمىي پىلانىنىڭ مۇددىتى، ئادەتتە 10~20 يىل بولىدۇ.

3. ئومۇمىي پىلاننىڭ نەتىجىسى

يېزا - بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلانى چېرتيوژ ۋە يازما ماتېرىيالدىن ئىبارەت ئىككى قىسمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چېرتيوژ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

(1) يېزا (بازار)نىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ ئانالىز چېرتيوژى. ماسشتابى 1 : 10000 بولۇپ، كۆلەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن 5000 : 1~25000 : 1 ئارىسىدا بولسا بولىدۇ.

(2) يېزا - بازار ئومۇمىي پىلانىنىڭ چېرتيوژى، ماسشتابى يېزا (بازار)نىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ ئانالىز چېرتيوژى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك.

يازما ماتېرىيال تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

(1) پىلان تېكىستى ئاساسلىقى پىلانلانغان نىشانلار ۋە مەزمۇنلارغا بەلگىلىمە خاراكتېرلىك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

كېرەك .

(2) تەستىقلانغان پىلان تېزىسى .

(3) پىلاننىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ئاساسلىقى پىلاننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ، مەزمۇنى ، مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى ئاساسلار ، شۇنداقلا يولغا قويۇلۇش داۋامىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك .

### 3 . كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ ۋەزىپىسى

يېزا ـ بازار قۇرۇلۇش پىلانى يېزا ـ بازار ئومۇمىي پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەۋەلىكىدىكى كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرىدۇ ، ئۇ بازار رايونىنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى ۋە كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىغا بۆلۈنىدۇ .

كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ ۋەزىپىسى : يېزا ـ بازار ئومۇمىي پىلانى ئاساسىدا ، كەنتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بېكىتىش ، نوپۇس ۋە يەر ئىشلىتىش كۆلىمى ، قۇرۇلمىسىنى مۆلچەرلەپ ، يەر ئىشلىتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە ئاساسلىق ئاممىۋى ئىمارەتلەرنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ۋاقىت تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يېقىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش .

### 4 . كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ مەزمۇنى

كەنت قۇرۇلۇشى پىلانى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك :

(1) يەر بايلىقى ۋە قۇرۇلۇش يېرىنىڭ هازىرقى ئەهۋالى بىلەن ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ئانالىز قىلىش ئاساسىدا ، «يېزا ـ بازارلارنى پىلانلاش ئۆلچىمى» بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قۇرۇلۇش يېرى كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىپ ، ئىشلىتىلىدىغان يەر ئومۇمىي مىقدارىنى ھېسابلاش ، شۇ ئاساستا يەرلەرنىڭ قۇرۇلما نىسبىتى ۋە كونكرېت سانىنى

بېكىتىش .

(2) يەر ئىشلىتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرالغۇ ، ئاممىۋى ئىمارەت ، جامائەت قۇرۇلۇشى ، يول ، قاتناش سىستېمىسى ، ئىسكىلات ، كۆكەرتىلىدىغان يەر قاتارلىق ئىمارەت ۋە قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك يەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالاقىلىشىش قولايلىق ، ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، ئىشلىتىش خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان يەرلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش .

(3) يېزا - بازار ئومۇمىي پىلانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پرىنسىپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ، پىلان دائىرىسىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش ، كېرەكسىز سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ، ئىسسىقلىق ، توك بىلەن تەمىنلەش ، ئالاقە ، يېقىلغۇ قاتارلىق ئەسلىھەلەر ۋە تۇرۇبا لىنىيىلىرىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ، كەسپىي ئۆلچەم - بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، بوشلۇقتىكى سىم يولى ، يەر ئاستى تۇرۇبا يولىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى بېكىتىش ھەم ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش .

(4) كونا بازار رايونىنى ئۆزگەرتىش ۋە يەر ئىشلىتىشنى تەڭشەشنىڭ پرىنسىپى ، ئۇسۇلى ۋە قەدەم باسقۇچلىرى .

(5) مەركىزىي رايونلار ۋە باشقا مۇھىم بۆلەكلەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ھەجمى ، شەكلى ، رەڭگى قاتارلىقلارغا پرىنسىپ خاراكتېرلىك تەلەپ قويۇش .

(6) يوللاردىكى قىزىل سىزىقلارنىڭ كەڭلىكى ، كەسمە يۈزىنىڭ شەكلى ۋە كونترول نۇقتىسى كوئوردېناتىنىڭ ئېگىزلىكىنى بېكىتىپ ، ۋېرتىكال لايىھىلەپ ، يەر يۈزىدىكى كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ، تاش - توپىنى ئىمكان بار تېجەش .

(7) مۇھىت ئاسراش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر ئىشلار ۋە ئەسلىھەلەرنى ئۇنىۋېرسال ئورۇنلاشتۇرۇش .

**5 . كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ نەتىجىسى**

كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ نەتىجىسى چۈشەندۈرۈش ۋە

چېرتيوژنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك .

1 . چېرتيوژ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك :

(1) كەنتنىڭ هازىرقى هالىتىنىڭ ئانالىز چېرتيوژى . ئاساسلىقى بار ئىمارەتلەرنىڭ ئورنى ، قەۋەت سانى ، هەجمى ، يوللارنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك . ماسشتابى ئادەتتە 1000 : 1 ياكى 2000 : 1 بولسا بولىدۇ .

(2) كەنت پىلانىنىڭ چېرتيوژى . يەر شەكلىنى ئۆلچەش چېرتيوژىدا يەرنىڭ ئورنى ۋە ئىمارەتلەرنىڭ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىپادىلىنىشى كېرەك .

(3) تۇرالغۇ ، هويلا - ئارام پىلانىنىڭ چېرتيوژى . چېرتيوژدا تۇرالغۇلارنىڭ تەكشىلىكتىكى شەكلى ۋە قورۇ ئىچىنىڭ بىرىكمە شەكلى كۆرسىتىلىشى ، زۆرۈر تېپىلغاندا تۇرالغۇنىڭ تەكشىلىكتىكى يۈزى ، تىك يۈزى ۋە كەسمە يۈزىنىڭ چېرتيوژى كۆپەيتىلىشى كېرەك . ماسشتابى 2000 : 1 بولىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كەنتنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن تۇرۇبا لىنىيىلىرىنىڭ چېرتيوژىنىمۇ سىزىشقا بولىدۇ .

2 . يازما پىلانىنىڭ نەتىجىسى

كەنتنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ، پىلانلاشتىكى مەقسەت ، يېتەكچى ئىدىيە ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ئىزاھلىنىشى كېرەك .

## ئىككىنچى ، كەنت قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ، نىشانى ۋە مەزمۇنى

**1 . يېتەكچى ئىدىيە**

پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روهى ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 11 - بەش يىللىق يىرىك



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com